看图速成五笔字型

# كومپيۇتېردا بەش سىزىق بويىچە خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈشنى رەسىمگە قاراپ تېز ئۆگىنىش




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

看图速成五笔字型:维吾尔文/米尔夏提等编著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2010.2

ISBN 978-7-228-13215-7

I. 看… Ⅱ.米… Ⅲ.汉字编码,五笔字型—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.TP391.14

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 018114 号

**编　　者**: 米尔夏提·力提甫,居来体·米吉提,维尼拉·木沙江
**责任编辑**: 依明江·艾木都拉
**责任校对**: 米丽古丽
**出版行发**: 新疆人民出版社
**地　　址**: 乌鲁木齐市解放南路 348 号
**电　　话**: 0991-2827472
**邮　　编**: 830001
**印　　刷**: 乌鲁木齐八家户彩印有限公司
**经　　销**: 新疆维吾尔自治区新华书店
**开　　本**: 880×1230 毫米　32 开本
**印　　张**: 5.75 印张
**版　　次**: 2010 年 2 月第 1 版
**印　　次**: 2010 年 2 月第 1 次印刷
**印　　数**: 1-3000
**定　　价**: 13.00 元

# كومپيۇتېردا بەش سىزىق بويىچە خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈشنى رەسىمگە قاراپ تېز ئۆگىنىش

تۈزگۈچىلەر: مىرشات لېتىپ، جۈرئەت مىجىت، ۋىنىرا مۇسا
مەسئۇل مۇھەررىر: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتور: مېھرىگۈل
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991 - 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5.75
نەشرى: 2010 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2010 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1-3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-228-13215-7
باھاسى: 13.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب  مائۇس ۋە كۇنۇپكا تاختىسى بىلەن تونۇشۇش ........................................ 1**

§1 . مائۇس بىلەن تونۇشۇش ........................... 1

§2 . كۇنۇپكا تاختىسى بىلەن تونۇشۇش ..................... 4

§3 . ئىنگلىزچە خەت ئۇرۇشنى مەشىق قىلىش ..............16

**ئىككىنچى باب  بەش سىزىق بويىچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ..........................................31**

§1 . بەش سىزىقلىق خەتنىڭ قۇرۇلما تۈزۈلۈشى ..................31

§2 . بەش سىزىقلىق خەتنىڭ خەت ئېلېمېنتى كۇنۇپكا تاختىسى ............................................46

§3 . ھەرقايسى رايونلاردىكى خەت ئېلېمېنتلىرى ئارقىلىق خەت تۈزۈشتىن ئەمەلىي مىساللار ...........................51

**ئۈچىنچى باب  بەش سىزىقلىق خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ........................................69**

§1 . بەش سىزىقلىق خەنزۇچە خەتنى كىرگۈزۈشنىڭ ئۈچرىشىش يۈزى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئىشلىتىش .....................69

§2 . خەنزۇچە خەتنى پارچىلاش پرىنسىپى ......................76

§3 . سۆز بىرىكمىلىرىنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ............ 101

**قوشۇمچە: كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خەنزۇچە خەتلەرنىڭ بەش سىزىق بويىچە كودلىنىشى ۋە خەت ئېلېمېنتلىرىغا پارچىلىنىشى ...................................... 108**

# بىرىنچى باب مائۇس ۋە كۇنۇپكا تاختىسى بىلەن تونۇشۇش


سىز بىر بارمىقىڭىزنى ئىشلىتىپ ئېمائىل يوللىغان بولۇشىڭىز، ئىككى بارمىقىڭىزنى ئىشلىتىپ ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى ئوينىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، سىز يەنە ئۈچ بارمىقىڭىزنى ئىشلىتىپ خەت يازالايسىز، رەسىم سىزالايسىز، چوت سوقالايسىز... ئەمما، ئون بارمىقىڭىزنى تەڭلا ئىشلىتىپ كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكا تاختىسىدىكى كۇنۇپكىلاردا مەشغۇلات قىلالامسىز؟ بەلكىم قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، بۇ دېمەككە ناھايىتى مۈرەككەپ، ئىشلەشكە ناھايىتى ئاسان مەشغۇلات. سىز بارماقلىرىڭىزنى كۇنۇپكا تاختىسىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا توغرا قويسىڭىزلا بولىدۇ.



## 1 §. مائۇس بىلەن تونۇشۇش


مائۇسنىڭ شەكلى ۋە تۈرلىرى خىلمۇخىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. نۆۋەتتە كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان مائۇسنىڭ بىر دانە سول كۇنۇپكىسى، بىر دانە ئوڭ كۇنۇپكىسى ۋە بىر دانە ئۆرۈش غالتىكى بولىدۇ ( 1.1 ـ رەسىم ).




1.1 ـ رەسىم

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

1. مائۇسنى سۈرۈش: مائۇسنى مائۇس تەگلىكى ياكى ئۈستەل يۈزىدە سۈرگەندە كومپيۇتېر ئېكرانىدا مائۇس ئىسترېلكىسى ماس ھالدا ھەرىكەتلىنىدۇ. مائۇس ئىسترېلكىسى كۆپىنچە ئىسترېلكا شەكلىدە بولىدۇ ( 2.1 ـ رەسىم ).



b a


2.1 ـ رەسىم

2. توغرىلاش: بۇ مائۇس ئىسترېلكىسىنى بىر ئوبيېكتقا توغرىلاشنى كۆرسىتىدۇ. مائۇس ئىسترېلكىسىنى ئۈستەل يۈزى سول تەرەپ ئاستىنقى بۆلۈكىدىكى «开始» ( باشلاش ) كۇنۇپكىسىغا توغرىلاپ سەل تۇرغاندا ئاستى سېرىق بىر ئەسكەرتىش رامكىسى ئېچىلىپ، «单击这里开始» ( بۇ ئورۇننى چەككەندە باشلىنىدۇ ) دېگەن ئەسكەرتىش ئۇچۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

3. مائۇسنى چېكىش: مائۇس ئىسترېلكىسىنى مەلۇم بىر نىشان ئوبيېكتىغا توغرىلاپ، ئاندىن مائۇسنىڭ سول كۇنۇپكىسىنى بىگىز بارماق بىلەن تېز بىر قېتىم چېكىشنى كۆرسىتىدۇ. چېكىش مەشغۇلاتى ئادەتتە بىر سىنبەلگىنى، كوماندىنى تاللاش ياكى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن، مائۇس ئىسترېلكىسىنى «回收站» ( يىغىش پونكىتى ) ناملىق سىنبەلگىگە توغرىلاپ چەككەندە بۇ سىنبەلگە تاللىنىدۇ. مائۇس بىلەن ۋەزىپە ئىستونىدىكى « 开始» ( باشلاش ) ناملىق كۇنۇپكىنى چەككەندە ئۇنىڭ تىزىملىكى ئېچىلىدۇ ( 3.1 ـ رەسىم ).

4. مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى چېكىش: ئالدى بىلەن مائۇسنىڭ ئىسترېلكىسىنى نىشان ئورۇنغا توغرىلاپ، ئاندىن مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى ئوتتۇرا بارماق ياكى نامسىز بارماق بىلەن تېز بىر قېتىم چې-

كىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مائۇس ئىستىرېلكىسىنى «回收站» (يىغش پۇنكتى) سىنبەلگىسىگە توغرىلاپ، مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى چەككەندە ئۇنىڭ تېز قوزغىتىش تىزىملىكى ئېچىلىدۇ، ئاندىن مائۇسنىڭ ئىستىرېلكىسىنى ئېچىلغان تىزىملىكتىن «打开» (ئېچىش) نامىلىق كوماندا قۇرىغا توغرىلاپ سول كۇنۇپكىسىنى چەككەندە ئۇنىڭ كۆزنىكى ئېچىلىدۇ (4.1 ـ رەسىم).




3.1 ـ رەسىم




4.1 ـ رەسىم

5. مائۇسنى ئىككى چېكىش: مائۇس ئىستىرېلكىسىنى نىشان ئورۇنغا توغرىلاپ، ئاندىن مائۇسنىڭ سول كۇنۇپكىسىنى تېز ئىككى قېتىم چېكىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى چېكىش مەشغۇلاتى ئادەتتە پروگراممىنى تاللاش ۋە ئىجرا قىلىش ياكى تاللاش ۋە ھۆججەت ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئېكران يۈزىدىكى «我的电脑» (كومپيۇتېرىم) نامىلىق سىنبەلگىنى ئىككى چەككەندە ئۇنىڭ كۆزنىكى ئېچىلىدۇ (5.1 ـ رەسىم).

6. مائۇسنى سۆرەش: ئالدى بىلەن مائۇسنىڭ ئىستىرېلكىسىنى نىشان ئورۇنغا توغرىلاپ، ئاندىن مائۇسنىڭ سول كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قويۇۋەتمەي تۇرۇپ نىشان ئورۇنغىچە سۆرەپ، ئاندىن مائۇسنىڭ سول كۇنۇپكىسىنى قويۇپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «我的电脑» (كومپيۇتېرىم) نامىلىق سىنبەلگىنى سۆرەپ ئۈستەل يۈزىنىڭ خالىغان ئورنىغا ئاپىرىشقا بولىدۇ (6.1 ـ رەسىم).



5.1 ـ رەسىم



6.1 ـ رەسىم

سۆرەش مەشغۇلاتى ئادەتتە بىرقانچە نىشاننى تاللاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، مائۇسنىڭ ئىسترېلكىسىنى ئېكران يۈزى سول تەرەپ يۇقىرىقى بۇرجىكىگە توغرىلاپ، سول تەرەپ توۋۇەنكى بۇلۇڭغىچە سۆرىگەندە كۆپلىگەن ئوبيېكتلار تاللىنىدۇ ( 7.1 ـ رەسىم ).



7.1 ـ رەسىم


ئۆرۈش غالتىكى بىر قىسىم كەسپىي يۇمشاق دېتاللاردا ئىشلىتىلىدۇ. بىز ئادەتتە تور بېتىگە كۆز يۈگۈرتكەندە، دوكۇمېنتلارنى ئاختۇرغاندا، بۇ غالتەكنى يۇقىرى ـ تۆۋەنگە بۇراپ بەت ئۆرۈيمىز.

## § 2 . كۇنۇپكا تاختىسى بىلەن تونۇشۇش

كۇنۇپكا تاختىسى كومپيۇتېرنىڭ ئۆلچەملىك كىرگۈزۈش ئۈسكۈنىسى بولۇپ، يېزىق قاتارلىق تېكىست ھۆججەتلىرىنى كىرگۈزۈشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى توغرا ئىگىلىگەندە كىرگۈزۈش سۈرئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

## 1. كۇنۇپكا تاختىسى بىلەن تونۇشۇش

1 ) كۇنۇپكا تاختىسىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى: كومپيۇتېر ئۆگىنىش ئۈچۈن چوقۇم كۇنۇپكا تاختىسىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. كۇنۇپكا تاختىسىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كۇنۇپكا تاختىسىنى پىششىق بىلىشىمىز كېرەك. قېنى، كۇنۇپكا تاختىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا نەزەر سېلىپ باقايلى ( 8.1 ـ رەسىم ).




① ئىقتىدار كۇنۇپكىسى رايونى؛ ② خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونى؛ ③تەھرىرلەش كۇنۇپكىسى رايونى؛ ④ كېڭەيتىلگەن كۇنۇپكا رايونى

8.1 ـ رەسىم

كۇنۇپكا تاختىسى كومپيۇتېرنىڭ ئەڭ مۇھىم بۆلىكى، ئۇنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كومپيۇتېر بىلەن ئالاقىلىشىمىز.


پۈتۈن كۇنۇپكا تاختىسىدا جەمئىي 105 دانە ( كونىلىرىدا 101 دانە ياكى 104 دانە ) كۇنۇپكا بولىدۇ، شۇڭا بىز ئادەتتە ئۇنى 105 كۇنۇپكىلىق كۇنۇپكا تاختىسى دەپ ئاتايمىز. ئەستە تۇتۇشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن بىز 105 دانە كۇنۇپكىنى تۆت رايونغا بۆلىمىز. ئەڭ چوڭ رايوننى «ئاساسىي كۇنۇپكا رايونى ( ياكى خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونى )»، ئەڭ ئۈستىدىكى بىر قاتار كۇنۇپكىنى «ئىقتىدار كۇنۇپكىسى رايونى»، ئوڭ چەتتىكى بىر بۆلەك رايوننى «كېڭەيتىلگەن كۇنۇپكا رايونى ( كىچىك كۇنۇپكا رايونى )»، ئاساسىي كۇنۇپكا رايونى بىلەن كىچىك كۇنۇپكا رايونى ئوتتۇرىسىدىكى رايوننى «تەھرىرلەش كۇنۇپكىسى رايونى » دەپ ئاتايمىز.

2 ) خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىدىكى كاراكتېر كۇنۇپكىلىرى: خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىدىكى كۇنۇپكىلار يەنە ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: كاراكتېر كۇنۇپكىلىرى ۋە ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرىدىن ئىبارەت.

ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى كاراكتېر كۇنۇپكىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

رەقەم كۇنۇپكىسى: خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، جەمئىي 10 دانە كۇنۇپكا بار. ئۈستىگە 0 دىن 9 غىچە بولغان رەقەملەر يېزىلغان.

ئىنگلىزچە ھەرپ كۇنۇپكىسى: ئىنگلىزچە ھەرپ كۇنۇپكىلىرى جەمئىي 26 دانە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىزچە ھەرپلەرنىڭ چوڭ باسما شەكلى يېزىلغان ( 9.1 ـ رەسىم ).




9.1 ـ رەسىم

3 ) خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىدىكى ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرى: خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىدا رەقەم كۇنۇپكىلىرى، ئىنگلىزچە ھەرپ كۇنۇپكىلىرى ۋە ئالاھىدە كاراكتېر كۇنۇپكىلىرىدىن باشقا، يەنە ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرى بولىدۇ. بۇ ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئىقتىدارلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى بولىدۇ.

Caps Lock كۇنۇپكىسى: ئىنگلىزچە ھەرپلەرنىڭ چوڭ يېزىلىشى بىلەن كىچىك يېزىلىشىنى قۇلۇپلاش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. ئۇ خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىنىڭ سول تەرەپ ئۈچىنچى قۇرىغا جايلاشقان.

بۇ كۇنۇپكىنى ھەر قېتىم باسقاندا، ئىنگلىزچە ھەرپلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك يېزىلىش شەكلى ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، بۇ كۇنۇپكا بېسىلمىغاندا ئىنگلىزچە ھەرپنىڭ كىچىك شەكلى چىقسا، بۇ كۇنۇپكا بېسىلغاندىن كېيىن چوڭ شەكلى چىقىدۇ.

بۇ كۇنۇپكا يەنە بىر قېتىم بېسىلسا، كىرگۈزۈلگەن ھەرپلەرنىڭ كىچىك شەكلى چىقىدۇ. ئىنگلىزچە ھەرپلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك يېزىلىشىنى قوللۇپلاش كۇنۇپكىسىنىڭ سىگنال چىرىغى بولىدۇ. مەسىلەن، [Caps Lock] دېگەن خەت بار چىراغ بۇ كۇنۇپكىنىڭ سىگنال چىرىغى بولۇپ، بۇ چىراغ يورۇق ھالەتتە بولسا كۇنۇپكا تاختىسى چوڭ يېزىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا كىچىك يېزىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ.

[Shift] كۇنۇپكىسى: خوت ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. بۇ كۇنۇپكا خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىنىڭ تۆتىنچى قۇرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوڭ ـ سولدا بىردىن جەمئىي ئىككىسى بار، شۇنداقلا ھەر ئىككى كۇنۇپكىنىڭ رولى پۈتۈنلەي ئوخشاش.



خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىدىكى بەزى كۇنۇپكىلارنىڭ ئۈستىدە ئىككى دانىدىن كاراكتېر بار بولۇپ، ئۇلار قوش بەلگىلىك كۇنۇپكا دېيىلىدۇ. بۇ كۇنۇپكىلارنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى بەلگە يۇقىرى خوتلۇق بەلگە، ئاستىنقى قىسمىدىكى بەلگە تۆۋەن خوتلۇق بەلگە دېيىلىدۇ. يۇقىرى خوتلۇق بەلگىلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن [Shift] كۇنۇپكىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىمىز.

يۇقىرى خوتلۇق بەلگىلەرنى كىرگۈزگەندە، مەسىلەن «+» بەلگىسىنى كىرگۈزگەندە، ئاۋۋال [Shift] كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېلىپ قويۇپ بەرمەي [+/=] كۇنۇپكىسىنى باسساق، ئېكراندا «+» بەلگىسى كۆرۈنىدۇ.

خوت ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسىنىڭ ئىككىنچى خىل ئىقتىدارى: كۇنۇپكا تاختىسى ئىنگلىزچە ھەرپلەرنىڭ كىچىك يېزىلىش ھالىتىدە تۇرغاندا [Shift] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ھەرپ كۇنۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق چوڭ يېزىلىشتىكى ھەرپلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ. ئەك-


7

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

سىچە كۇنۇپكا تاختىسى چوڭ يېزىلىش ھالىتىدە تۇرغاندا،  كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ھەرپ كۇنۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق كىچىك يېزىلىشتىكى ھەرپلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ. خوت ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسىنىڭ بۇ ئىقتىداردىن پەقەت كىرگۈزۈلىدىغان ئىنگلىزچە ھەرپلەرنىڭ چوڭ شەكلى ئاز ئەھۋالدىلا پايدىلىنىلىدۇ. ئەگەر چوڭ يېزىلىشتىكى ھەرپلەرنى كۆپلەپ ئۇدا كىرگۈزۈشكە توغرا كەلسە يەنىلا  كۇنۇپكىسىنى، يەنى ئىنگلىزچە ھەرپلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك يېزىلىشىنى قولۇپلاش كۇنۇپكىسىنى ئىشلەتسەك ئاسان بولىدۇ.

 كۇنۇپكىسى: قايتۇرۇش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. ئۇ خەت ئۆرۈش كۇنۇپكىسى رايونىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان.

كومپيۇتېرغا مەلۇم بىر كوماندىنى يوللاپ ئىجرا قىلدۇرماقچى بولغاندا ياكى يېزىقنى يېڭى قۇردىن باشلاپ كىرگۈزمەكچى بولغاندا، قايتۇرۇش كۇنۇپكىسى بېسىلىدۇ. بۇ كۇنۇپكا بېسىلغاندىن كېيىن كومپيۇتېر كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە نېمە قىلدۇرماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

 كۇنۇپكىسى: بوشلۇق كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. ئۇ خەت ئۆرۈش كۇنۇپكىسى رايونىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا جايلاشقان.

ئۇنىڭ رولى ئېكراندىكى نۇر بەلگە تۇرغان ئورۇندىن باشلاپ كىرگۈزۈش يۆنىلىشىدە بوش ئورۇن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ كۇنۇپكا ھەربىر بېسىلغاندا، ئېكراننىڭ نۇر بەلگە تۇرغان ئورنىدا بىر بوش ئورۇن ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇر بەلگە كىرگۈزۈش يۆنىلىشىگە بىر بىرلىك يۆتكىلىدۇ.

 كۇنۇپكىسى: بوشلۇقنى يوقىتىش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. ئۇ قايتۇرۇش كۇنۇپكىسىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قالدۇرۇلغان بوشلۇقنى ۋە كىرگۈزۈلگەن كاراكتېرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۆچۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.


كىشىلەر كاراكتېرنى كىرگۈزگەندە بەزى خاتالىقلاردىن خالىي بولال-

ـمايدۇ. بوشلۇقنى يوقىتىش كۇنۇپكىسى ئارقىلىق خاتا كىرگۈزۈلگەن كاراكتېرنى ئۆچۈرگىلى بولىدۇ. بۇ كۇنۇپكا ھەربىر بېسىلغاندا نۇر بەلگە كىرگۈزۈش يۆنىلىشىنىڭ تەتۈرىگە بىر بىرلىك يۆتكىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇر بەلگە قايتقان ئورۇندىكى كاراكتېر ئۆچىدۇ. ئۇنىڭ رولى ئۆچۈرگۈچكە ئوخشاپ كەتكەچكە، بەزىلەر ئۇنى ئۆچۈرگۈچ كۇنۇپكا دەپمۇ ئاتايدۇ.

## مەشىق

1. تۆۋەندىكى رەسىمگە كۇنۇپكا تاختىسىدىكى تۆت رايوننىڭ ئىسمىنى يېزىپ چىقىڭ.






2. كۇنۇپكا تاختىسىنىڭ رەسىمدىكى رەقەم كۇنۇپكىلىرىنى قىزىل رەڭدە، ئىنگلىزچە ھەرپ كۇنۇپكىلىرىنى سېرىق رەڭدە بوياڭ ( ياكى ئىپادىلەڭ ).

3. كۇنۇپكا تاختىسىنىڭ خەت ئورۇش رايونىنىڭ بىرىنچى قۇرىغا جايلاشقان ئۇستۇنكى خوتتىكى كاراكتېرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلارنى ئېكراندا كۆرسىتىڭ.

4. تۆۋەندىكى بەش دانە ئىقتىدار كۇنۇپكىسىنىڭ ئۇيغۇرچە نامىنى يېزىپ چىقىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ كۇنۇپكا تاختىسىدىكى ئورنىنى ئېيتىپ بېرىڭ.




5. تۆۋەندىكى رەسىمگە ئىنگلىزچە ھەرپلەرنى كۇنۇپكا تاختىسىدىكى ئورۇن تەرتىپى بويىچە تولدۇرۇڭ.





## 2. كۇنۇپكا تاختىسى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇشۇش

1 ) خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىدىكى باشقا ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرى: Ctrl كۇنۇپكىسى كونترول كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. بۇ كۇنۇپكا جەمئىي ئىككى دانە بولۇپ، مۇشۇ كۇنۇپكا رايونىنىڭ ئوڭ ۋە سول ئاستى بۇرجەكلىرىگە جايلاشقان Ctrl — ئىنگلىزچە Control ( كونترول ) نىڭ قىسقارتىلمىسى. بۇ كۇنۇپكا ئايرىم ئىشلىتىلمەيدۇ. زۆرۈر بولغاندا باشقا كۇنۇپكىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلسە كونترول قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئىشلەتكەندە ئاۋۋال Ctrl نى بېسىپ قويۇۋەتمەي باشقا كۇنۇپكىلارنى باسىمىز.

Alt كۇنۇپكىسى: ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. جەمئىي ئىككى دانە بولۇپ، بوشلۇق كۇنۇپكىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. Alt — ئىنگلىزچە Alternate ( ئالماشتۇرۇش ) نىڭ قىسقارتىلمىسى.

Alt كۇنۇپكىسىنىمۇ يالغۇز ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. زۆرۈر بولغاندا باشقا كۇنۇپكىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىپ بەزى ئالاھىدە ئىقتىدارلار

هاسىل قىلىنىدۇ.

Tab كۇنۇپكىسى: جەدۋەل ياساش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىنىڭ ئىككىنچى قۇر سول تەرىپىگە جايلاشقان. بۇ كۇنۇپكىنى ھەربىر قېتىم باسقاندا نۇر بەلگە كىرگۈزۈش يۆنىلىشىگە سەككىز كاتەك سۈرۈلىدۇ.

Esc كۇنۇپكىسى: ئەمەلدىن قالدۇرۇش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. كۇنۇپكا تاختىسىنىڭ سول تەرەپ ئۈستۈنكى بۇرجىكىگە جايلاشقان. Esc — ئىنگلىزچە Escaps ( ئەمەلدىن قالدۇرۇش ) نىڭ قىسقارتىلمىسى. نۇرغۇن- لىغان يۇمشاق دېتاللاردا بۇ كۇنۇپكا چېكىنىپ چىقىش كۇنۇپكىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن.

2 ) كېڭەيتىلگەن كۇنۇپكا رايونى: كېڭەيتىلگەن كۇنۇپكا رايونىدا جەمئىي 17 دانە كۇنۇپكا بار بولۇپ، 0 دىن 9 غىچە بولغان رەقەم كۇنۇپكىلىرى ۋە ئەمەل بەلگىلىرى كۇنۇپكىلىرىمۇ بار.

11

Num Lock كۇنۇپكىسى: رەقەم قۇلۇپلاش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. كېڭەيتىل- گەن كۇنۇپكا رايونىنىڭ ئۈستۈنكى بۇرجىكىگە جايلاشقان.

كېڭەيتىلگەن كۇنۇپكا رايونىدىكى كۇنۇپكىلارنىڭ ھەممىسى قوش بەلگىلىك كۇنۇپكىلاردۇر، يەنى بۇ رايوندىكى ھەربىر كۇنۇپكىنىڭ ئىككى خىل ئىقتىدارى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، رەقەم كۆرسىتىش؛ ئىككىن- چىسى، نۇر بەلگىنى يۆتكەش؛ ئۇنى رەقەم كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن رەقەم قۇلۇپلاش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، ئۇنىڭ ماس چىرىغىنى ياندۇرىمىز، ئاندىن كىرگۈزمەكچى بولغان رەقەم كۇنۇپكىسىنى باسساق، ئېكراندا بۇ رەقەم كۆرۈنىدۇ.

رەقەم قۇلۇپلاش كۇنۇپكىسىنىڭ چىرىغى كېڭەيتىلگەن كۇنۇپكا رايو- نىدىكى كۇنۇپكا تاختىسىنىڭ سول ئۈستۈنكى بۇرجىكىدىكى ئۈچ دانە چى- راغنىڭ بىرىنچىسى ( يەنى سولدىكى بىرىنچىسى ) بولۇپ، بۇ چىراغ يېنىق بولسىلا رەقەم كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئەكسىچە ئۇ ئۆچۈك ھالەتتە بولغاندا بۇ رەقەم كۇنۇپكىلىرى نۇر بەلگىنى يۆتكەش كۇنۇپكىلىرىغا ئۆز- گىرىپ، نۇر بەلگىنىڭ يۆتكىلىشىنى كونترول قىلىدۇ.

[0 Ins] كۇنۇپكىسى: قوش بەلگىلىك كۇنۇپكا بولۇپ، ئۇستىدىكىسى 0 رەقىمىگە، ئاستىدىكىسى قىستۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ يېزىش ھالىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىككى ھالەت [Num Lock] كۇنۇپكىسى ئارقىلىق ئالماشتۇرۇلىدۇ.

[. Del] كۇنۇپكىسى: قوش بەلگىلىك كۇنۇپكا بولۇپ، ئۇستىدىكىسى كەسىر چېكىتىگە، ئاستىدىكىسى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىدارى [Num Lock] كۇنۇپكىسى ئارقىلىق ئالماشتۇرۇلىدۇ.

ئەمەل بەلگىلىرى كۇنۇپكىسى:

| / | * | + | - |
|---|---|---|---|
| بۆلۈش ئەمىلى كۇنۇپكىسى | كۆپەيتىش ئەمىلى كۇنۇپكىسى | قوشۇش ئەمىلى كۇنۇپكىسى | ئېلىش ئەمىلى كۇنۇپكىسى |

[Enter] كۇنۇپكىسى: كىچىك قايتۇرۇش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىدارى خەت ئۇرۇش كۇنۇپكىسى رايونىدىكى قايتۇرۇش كۇنۇپكىسىنىڭكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش.

3 ) ئىقتىدار كۇنۇپكىسى رايونى بىلەن تونۇشۇش

[F1] [F2] [F3] [F4] [F5] [F6] [F7] [F8] [F9] [F10] [F11] [F12]

ھەربىر ئىقتىدار كۇنۇپكىسىنىڭ مۇئەييەن ئىقتىدارى بولىدۇ. بۇ كۇنۇپكىلارنى بېسىش ئارقىلىق ماس ئىقتىدارنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بەزى يۇمشاق دېتاللاردا [F1] كۇنۇپكىسى ياردەم كۇنۇپكىسى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ھەر خىل يۇمشاق دېتاللاردا بۇ كۇنۇپكىلارنىڭ بەلگىلىنىشى ھەر خىل بولىدۇ.

4 ) تەھرىرلەش كۇنۇپكىسى رايونى: تەھرىرلەش كۇنۇپكىسى رايونىدا جەمئىي 10 دانە كۇنۇپكا بار بولۇپ، ھەممىسى تەھرىرلەش جەريانىدا نۇر بەلگىسىنى كونترول قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

Page Up كۇنۇپكىسى: يۇقىرىغا بەت ئۆرۈش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. بۇ كۇنۇپكىنى باسقاندا ئېكران بېتى ئالدىغا بىر بەت ئۆرۈلىدۇ.

Home كۇنۇپكىسى: بۇ كۇنۇپكىنى بېسىش ئارقىلىق نۇر بەلگىنى نۆۋەتتىكى قۇرنىڭ بېشىغا تېزلىكتە يۆتكىگىلى بولىدۇ.

End كۇنۇپكىسى: بۇ كۇنۇپكىنى بېسىش ئارقىلىق نۇر بەلگىنى نۆۋەتتىكى قۇرنىڭ ئاخىرىغا تېزلىكتە يۆتكىگىلى بولىدۇ.

Insert كۇنۇپكىسى: قىستۇرۇش / ئۆزگەرتىپ يېزىشنى ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسى بولۇپ، بۇ كۇنۇپكىنى بېسىش ئارقىلىق قىستۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ يېزىش ھالىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

Delete كۇنۇپكىسى: ئۆچۈرۈش كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ. بۇ كۇنۇپكىنى بېسىش ئارقىلىق نۇر بەلگە تۇرغان ئورۇندىكى كاراكتېرنى ئۆچۈرگىلى بولىدۇ.

→ ↑ ↓ ← كۇنۇپكىلىرى: بۇ كۇنۇپكىلار يۆنىلىش كۇنۇپكىلىرى دېيىلىدۇ. بۇ تۆت كۇنۇپكىنى بېسىش ئارقىلىق نۇر بەلگىنى ئېكراندا ئاستى ـ ئۈستى، ئوڭ ۋە سولغا يۆتكىگىلى بولىدۇ.

## مەشىق

1. ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق رەقەم كىرگۈزۈڭ.
2. تۆۋەندىكى كۇنۇپكىلارنىڭ ئۇيغۇرچە نامىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

Ctrl ________________ كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ.

Alt ________________ كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ.

Esc ________________ كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ.

Tab ________________ كۇنۇپكىسى دېيىلىدۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com